2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

## ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

# پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاپ، سىستېمىلىق قايتا يارىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا، زىچ توقۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نەتىجىسىنىڭ يوققا چىقىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇم ئەڭ ئېغىر، باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق ئۆلكە بولۇش سۈپىتى بىلەن، خۇبېي ئىقتىسادىنى قايتا جانلاندۇرۇشتا بىرقەدەر زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇبېي ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان ئۇنىۋېرسال ئەۋزەللىكى ئۆزگەرمىدى، دۆلەت ۋە رايون تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ئۆزگەرمىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا مەددەت بېرىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتتى. خۇبېيدىكى يولداشلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ خۇبېينىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر خۇبېينىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي، مۇھىم ۋەزىپە دەل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشتۇر. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، دائىملاشقان دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن دائىرىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەھەللىلەرنىڭ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، نۇقتىلىق كەسىپ زەنجىرى، باشلامچى كارخانىلار، مۇھىم، زور مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى چۆرىدەپ دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماسلىشىش جەريانىدىكى تۈرلۈك توسۇق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ ياردەم بېرىپ، كارخانىلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار دۇچ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئىستېمالغا تۈرتكە بولىدىغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ چىقىرىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قېپقالغان نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش ياكى قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان «يۇقۇمدىن كېيىنكى يىغىندى كېسەللىك»نى تۈگىتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، داۋالىنىپ ساقايغان ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەش خىزمىتى ھەمدە كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىش، تەسەللى بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغان ئاممىنىڭ مۇۋاپىق دەۋا تەلىپىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئورۇنلار، مەركەز كارخانىلىرى خۇبېينىڭ يۇقۇمدىن كېيىنكى قايتا گۈللەندۈرۈشىنى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ خۇبېيدا بالدۇر ئەمەلىيلىشىشى، بالدۇر ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، بالدۇر نەپ بېرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سىياسەت ئەۋزەللىكىنى تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى، داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇھىم رول ئوينىدى، لېكىن يەنە بەزى كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئاشكارىلاندى. بىز ساقلانغان مەسىلىلەرگە توغرا قاراپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ئالدىنى ئېلىش ئەڭ تېجەشلىك، ئەڭ ئۈنۈملۈك ساغلاملىق تاكتىكىسى. مەۋقەنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەسىس قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇمى ۋە تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى دوكلات قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن شەھەر ـ يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلار ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنىڭ قىممەتلىك يېرى دەل ۋاقتىدا بولۇش، توغرا بولۇشتا. سەۋەبى ئېنىق بولمىغان كېسەل ۋە غەيرىي ساغلاملىق ۋەقەلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، باھالاش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە توغرىلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاقىللاشقان ئالدىن سىگنال بېرىش كۆپ نۇقتىلىق قوزغىتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كۆپ يوللۇق كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرگە ۋاقتىدا ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى بىلەن تەربىيەلەش ـ مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇل شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىكى زامانىۋىلاشقان سىستېمىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خادىملارنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ھالىتىدە داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ـ ماسلاشتۇرۇش، رايونلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، خادىملارنى يۆتكەپ توپلاشنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق، دەرىجىگە، قاتلامغا، تارماققا ئايرىلغان، ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى، رايون داۋالاش مەركىزى قاتارلىق بازا قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، چوڭ كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن ـ تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىستېمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، «ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تەشكىللەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي، قېلىپلاشقان، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئاممىۋى سەھىيە قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، تەرتىپى قېلىپلاشقان، ئىجراسى كۈچلۈك بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى قوغداش، قانۇندىن پايدىلىنىش ئېڭى ۋە ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر ـ يېزا مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى سەھىيە ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي ـ ساغلام، يېشىل ـ مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكىنى باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى شەھەر يېرىك پىلانى، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانى، ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنىڭ تېز تەرەققىياتىغا، شەھەر نوپۇسى زىچ توپلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى تېز ئورنىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراق مۇھىتىنى تۈزەشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھازىر، سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقاش، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ تۆكۈش، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئارىلىق ساقلاش، ئايرىم غىزالىنىش، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، كېسەل كۆرسىتىشتە توردا ئالدىن كېلىشىش قاتارلىقلار تەدرىجىي ھالدا ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانماقتا. ساغلام، مەدەنىي بولغان بۇ ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇرۇش، داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، سۈن چۈنلەن، خۇاڭ كۇنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، خاۋ مىڭجىن، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ ئىش مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، دېدىم. بۇ سۆز گېزىتكىمۇ بېسىلدى» دېدى باش شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ.

كېيىنكى سۆزدە، لو جيې بىرىنچى سەپتىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدىكى تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەردى: «نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى دوختۇرخانىلاردا ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش جەھەتتە يەنە بىر قىسىم كەمتۈكلۈكلەر بار، ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن دوختۇرخانىلارنىڭ ئەسلىھە شارائىتى ناچار، كارىۋات، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى ۋە كەسپىي دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ ھەممىسى يېتەرلىك ئەمەس.»

«بۇ قېتىم شىيەندە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى جەمئىي قانچە؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«672 كىشى» دەپ جاۋاب بەردى لو جيې.

«كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى قانچە؟» دەپ سورىدى باش شۇجى كەينىدىن.

«1.19%، بىز جەمئىي 664 ئاغرىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇپ داۋالىدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاپ ساقايتقان ئەڭ چوڭ ئاغرىق 87 ياش، ئەڭ كىچىكى پەقەت 29 كۈنلۈك بوۋاق.»

«ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، داۋالاش خىزمىتى يەنىلا بىرقەدەر ياخشى ئىشلىنىپتۇ.» باش شۇجى بېشىنى لىڭشىتىپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

«دوختۇرخاناڭلاردا يۇقۇملۇق كېسەلنى داۋالايدىغان دوختۇر ـ سېستىرادىن قانچىسى بار؟»

«يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمىدە 16 سېسترا، ئون دوختۇر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى دوكتورلۇق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.»

«ئەگەر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا ئوخشاش بۇنداق ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل بولمىسا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھۆددىسىدىن چىقالامسىلەر؟»

«ئەگەر قىسقا ۋاقىتتا بۇنچە كۆپ ئاغرىق بولمىسا، تامامەن ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.»

باش شۇجى بېشىنى لىڭشىتتى.

بۇ قېتىم خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىشنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

«بۇ قېتىمقى ئىككى يىغىندا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۆمەك، گۇرۇپپىلارغا چۈشۈش قېتىم سانىنى ئازايتتى. مەن خۇبېي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا چوقۇم قاتنىشىشنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم. سىلەر خۇبېيدىكى 60 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ ۋەكىلى، مەن كۆپچىلىكنى يوقلايمەن.» باش شۇجى شى جىنپىڭ بەش ۋەكىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن شۇنداق دېدى.

ئارقىدىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسى ئىسلاھاتى بىلەن ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، لو جيې قاتارلىق ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرگە ئىنكاس قايتۇردى.

«كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش» «يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش» «ئېغىر، زور يۇقۇم بىلەن يۇقۇملانغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش» «ئاممىۋى سەھىيە بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش» ... باش شۇجى شى جىنپىڭ مەسىلىلەرنى بەش جەھەتتىن چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويدى، شۇنداقلا يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالدى.

يىغىن مەيدانى ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت بولۇپ، ۋەكىللەر ئەستايىدىل ئاڭلاپ، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇردى. يۇقۇم ئازابىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەرقايسى ۋەكىللەر باش شۇجىنىڭ سۆزى توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدى.

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتتى. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، خۇبېي، ۋۇخەندىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىا ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغاچقا، بۇ قېتىمقى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن خۇبېي، ۋۇخەن چوقۇم قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، يېڭى دەۋردە تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.»

ئىللىق سۆزلەر قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى نامايان قىلدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، خەلق داھىيسىنىڭ سەممىي خەلقچىل ھېسسىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيەمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى قىممەت يۈزلىنىشى ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىا بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلققە چىڭ تايىنىش، خەلققە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىش، خەلق ئارىسىدا پۇختا يىلتىز تارتىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇنى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلار ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان يېڭى سەھىپىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەتراپلىق، دىيالېكتىك، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر بىلەن ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ، «مۇقىملاشتۇرۇش» ۋە «كاپالەتلىك قىلىش» ئاساسىدا پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا خىزمەت تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋۇسكا ئىبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئالدىن سىگنال بېرىش، كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە دەپ بىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىغا ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل، چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، يېشىل تەرەققىيات شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش قەددىمىنى زورايتىپ، ئۆزگىچە، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئونىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، توغرا بولغان ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسىپ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، شۆھرەتپەرەسلىك قىلماي، ساختا ئىش قىلماي، نام ـ ئاتاق قوغلاشماي، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسى ئويلىغاننى ئويلاپ، بىللە ئىشلەپ، قەتئىي بوشاشماي شەكلۋازلىق، بىيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن نەيىم ياسىن، لى ۋېي، لو دۈڭجۈەن، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.